# شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، مەدەنىيەت قاراشلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش داۋامىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇلار شىنجاڭ رايونىنى ئورتاق ئاچقۇچىلاردۇر. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، مانجۇ، شىبە، تاجىك، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق 13 ئاساسلىق مىللەت شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىشىش ئەندىزىسى شەكىللەندى. ھەرقايسى مىللەتلەر شىنجاڭ رايونىدا ئۇزاق مۇددەتلىك كۆپىيىش ـ يېتىلىش، پارچىلىنىش، قوشۇلۇش جەريانىدا، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن بولغان، بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىدىغان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، قوغداشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ خوجايىنلىرىدۇر. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا 56 مىللەت ئورتاق ياشاپ كەلمەكتە، جۇڭگودىكى مىللەتلەر تەركىبى ئەڭ تولۇق ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلارنىڭ بىرىدۇر، بۇنىڭ ئىچىدە نوپۇسى 1 مىليوندىن ئاشقانلىرىدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ۋە خۇيزۇدىن ئىبارەت تۆت مىللەت بار، نوپۇسى 100 مىڭدىن ئاشقانلىرىدىن قىرغىز، موڭغۇلدىن ئىبارەت ئىككى مىللەت بار. شىنجاڭ رايونى ھەم شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ماكانى، ھەم جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ماكانىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭخۇا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ كەلگەن. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق، توقۇنۇشمۇ بولغان، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش تېخىمۇ كۆپ بولغان، ئىتتىپاقلىشىش ـ ئۇيۇشۇش، جاسارەت بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلەش باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى جايلىشىش جەھەتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر چوڭ ئائىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ، ئورتاق تىرىكچىلىك قىلىپ، ئورتاق ياشاپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى.

## 4. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق مەزگىل كۆچۈش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن

ئۇيغۇر مىللىتى ئەجدادىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خۇيخېلار (回纥) بولۇپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە پائالىيەت قىلغان، ئۇلارنىڭ نامى ئىلگىرى ۋۇخۇ (乌护)، ۋۇخې (乌纥)، يۈەنخې (袁纥)، ۋېيخې (韦纥)، خۇيخې (回纥) دەپ ھەرخىل تەرجىمە قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ زۇلمى ۋە قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لار تېلى قەبىلىلىرىدىكى بارغۇت (仆固)، تۇڭرا (同罗)لار بىلەن بىرلىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥) قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان. 744 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥) قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئاقساقال كۆل بىلگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇتۇغاتىنى قوبۇل قىلغان. 788 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لارنىڭ ھۆكۈمرانى تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇمات يوللاپ، نامىنى خۇيخۇ (回鹘)غا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. 840 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘) خانلىقى قىرغىز (黠戛斯)لار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘)لارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىگە كۆچۈپ، خەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندىن باشقا، قالغانلىرى مۇنداق ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن: بىر تارمىقى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ھازىرقى جىمسار رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘) خانلىقىنى قۇرغان؛ بىر تارمىقى خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ، يۇگۇ (裕固) مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ بىر تارمىقى پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھازىرقى قەشقەرگىچە بولغان رايونلارغا تارقىلىپ، قارلۇق (葛逻禄)، ياغما (样磨) قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خەنلەر، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاگنىلقلار، كۇسەنلىكلەر، ئۇدۇنلۇقلار، سۇلىقلار بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يۇغۇرۇلۇپ، يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خەنزۇ تىلىدا يەنە «畏 (wèi) 兀 (wù) 儿 (ér)» دەپ ئاتالغان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تېخىمۇ يۇغۇرۇلغان، موڭغۇللار، بولۇپمۇ چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇللار ئۇيغۇرلار (畏兀儿人) بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر (畏兀儿)لارغا يېڭى قان تولۇقلىغان. 1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى ھۆكۈمەت پەرمانى ئېلان قىلىپ، «维吾尔»نى ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇچە قېلىپلاشقان نامى قىلىپ بىرتۇتاش قوللىنىشنى قارار قىلدى، بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئىتتىپاقىمىزنى قوغداش دېگەن مەنىدە بولۇپ، Uygur دېگەن نامنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى تۇنجى قېتىم توغرا ئىپادىلەپ بەردى.

تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈركلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى قۇل قىلىنىش ۋە قۇل قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان خۇيخې (回纥)لار دەسلەپكى مەزگىلدە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، قوشۇن تارتىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى تۇرغان ھەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي تۈرك خانلىقى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. غەربىي تۈرك خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغان بەزى قەبىلىلەر غەربكە كۆچكەن، بۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۇزاققىچە چۆرگۈلەپ يۈرۈپ، غەربتە كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، بىر قىسىم «پانتۈركىزم»چى ئۇنسۇرلار غەربكە كۆچكەن تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغان قىسمەن قەبىلىلەرنىڭ شۇ جايدىكى قوۋملارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈركلەر دەۋالدى، ئۇلارنىڭ نىيىتى باشقا. تىل تۈركۈمى بىلەن مىللەت ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئۇقۇم، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بار. جۇڭگودا تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغانلاردىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، يۈگۈ، سالار قاتارلىق مىللەتلەر بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «تۈرك مىللىتى»نىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس.

## 5. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى

جۇڭخۇا مىللىتى 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە، ھەر مىللەت ئۇزاق جۇڭگو تارىخىنى، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ ھەيۋىتى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەمۇرچىلىق، كاڭشى، چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى گۈللىنىش ھەر مىللەت ئورتاق ياراتقان شانلىق نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. كۆپ مىللەت، كۆپ خىل مەدەنىيەت بولۇش دۆلىتىمىزنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.

قەدىمدىن تارتىپ، جۇغراپىيەلىك مۇھىتتىكى پەرق ۋە رايونلار تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك تۈپەيلىدىن، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە مول، كۆپ مەنبەلىك ھالەت بارلىققا كېلىپ، جەنۇب ـ شىمال، شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدا پەرق ساقلانغان. چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون مەدەنىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ھەرقايسى سۇلالىلەر ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنىدا كۆچۈش، قوشۇلۇش، ئۇرۇش قىلىش، قۇدىلىشىش، سودىلىشىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شەكىللەندى.

2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا، شىنجاڭ رايونى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازا، شەرق ـ غەرب مەدەنىيلىكى ئالماشتۇرۇلىدىغان، تارقىلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ كەلگەن، بۇ جايدا كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت توپلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشى ھەم شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، ھەم كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە باشتىلا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھېسسىيات يۆلەنچۈكى، قەلب ماكانى، مەنىۋى ماكانى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى بولۇپ كەلدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئالدىنقى چىن دەۋرىدىلا باشلانغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، خەنزۇ تىلى غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولغان، باربىت، چياڭ نېيى قاتارلىق چالغۇلار غەربىي يۇرتتىن ياكى غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، قائىدە ـ يوسۇن تۈزۈمى، خەنزۇچە كىتابلىرى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى غەربىي يۇرتقا كەڭ تارقالغان. قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘)لىرى تاڭ سۇلالىسى كالېندارىنى تاكى 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ئىشلەتكەن. تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شائىر سېن شېن شېئىرىدا «گۈل قوۋۇق سانغۇنى ناخشا ئېيتار خۇچە كارامەت، ۋاسسال بېگى سۆزلىشەر خەنزۇچىدا ئالامەت» دەپ يېزىپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ تەڭ قوللىنىلغانلىقى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىدەك مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇددا دىنى سەنئىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە داۋاملىق گۈللەنگەن، بۇددا دىنى سەنئىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىزنالار ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە، قەتانلار قاراخانىيلار خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلغان، بۇ جايلار كۆپرەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قائىدە يوسۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئەتائەت قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇر (畏兀儿) قاتارلىق نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ياشاپ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن، قوللانغان، بەزىلىرى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان ھەم قوبۇل قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى تۇتقان، بىر تۈركۈم سىياسىيون، ئەدىب، سەنئەتكار، تارىخشۇناس، ئاگرونوم، تەرجىمانلار بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. مىڭ، چىڭ مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇش داۋامىدا ئارىسالدىلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلغان. يېقىنقى، ھازىرقى زاماندىن بۇيان، شىنخەي ئىنقىلابى، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، 4 ـ ماي ھەرىكىتى، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب كۈرىشىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندى، مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى مىسلىسىز زور گۈللىنىش، زور راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ رايونىدا كۆپ خىل تىل تەڭ قوللىنىلغان، ئالماشتۇرۇشى قويۇقلاشقانلىقى مەزگىل مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، جەمئىيەت ئالغا باسقان مەزگىل بولغان. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىش، قوللىنىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تارىخىي تەجرىبە.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ كەلگەن، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئىسلام مەدەنىيىتى شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى مۇنبەت تۇپرىقىدا گۈللەنگەن. 7 ـ ئەسىردىكى ئەرەب مەدەنىيلىكى سىستېمىسىنى مەنبە قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى تاكى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئاندىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. دىنىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى ھەم ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە قوبۇل قىلىش يولى بىلەن بولغان، ھەم مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ھەتتا دىن ئۇرۇشى ئارقىلىق مەجبۇرلاش شەكلىدىمۇ بولغان. شىنجاڭغا ئىسلام دىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېيىنكى شەكىلدە كىرگەن، بۇ بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. ئىسلام مەدەنىيىتى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنى تاللاپ قوبۇل قىلغان ۋە جۇڭگوچىلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتكەن، جۇڭخۇا مەدەنىيلىككە تەۋە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ۋە يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشتەك ئوبيېكتىپ پاكىتمۇ ئۆزگىرىپ كەتمىگەن. 9 ـ ئەسىردىن، 10 ـ ئەسىرگىچە بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلىق تارىخىي داستانى «ماناس» قىرغىز ماناسچىلىرىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئېيتىپ كېلىشى ۋە بېيىتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ـ چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخىدا كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلاندى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەھرىمانلىق تارىخىي داستانى «جاڭغىر» شىنجاڭ رايونىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، «ماناس»، «گېسار» داستانلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۈچ تارىخىي داستانى دەپ تەرىپلەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئېسىل ئەسەرلەر ئۈزۈلمەي بارلىققا كەلدى، «قۇتادغۇبىلىك» «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» «تۈركىي تىللار دىۋانى» «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ۋەكىللىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەرگە ئايلاندى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى. تارىختا ئومۇمەن مەركىزىي خاندانلىقلار شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان مەزگىللەردە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش راۋاجلىنىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، روناق تاپقان؛ ئومۇمەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ رەھىمدىل بولۇش، خەلقنى ئاساس قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرۇش، دىيالېكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىناقلىققا تەلپۈنۈش، ئومۇملۇقنى كۆزلەش ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ سىڭدۈرگەن، ئۆزئارا قوبۇل قىلغاندا، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلىشىش ئالاھىدىلىكى شۇنچە روشەن بولغان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى شۇنچە ئالغا باسقان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتا جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئېچىۋېتىش ـ سىغدۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇشتا، دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

## 6. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون

جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ كۆپ دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەت، تەشكىلىي خاراكتېرى، تۈزۈم خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بىرقانچە چوڭ دىندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەل ئىچى ئېتىقاد مەۋجۇت. تويىن دىنى ۋە ئەل ئىچى ئېتىقاد جۇڭگونىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەندىن سىرت، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدىن تارقىلىپ كىرگەن. شىنجاڭ رايونىدىمۇ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بىر دىن ياكى ئىككى دىن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇش، كۆپ دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭنىڭ دىن ئەندىزىسىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، سىڭىشىش، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭدىكى دىنلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى.

شىنجاڭدا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا شىنجاڭدا ئىپتىدائىي دىن كەڭ تارقالغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە بۇددا دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن، 4 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويغان. شۇ مەزگىلدە زوروئاستېر دىنىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تىبەت بۇددا دىنى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تەدرىجىي گۈللەنگەن. تويىن دىنى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئاساسلىقى تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا كەڭ ئومۇملىشىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا تارقالغان ھەم بىر مەھەل قايتا گۈللەنگەن. مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنى 6 ـ ئەسىردە كەينى ـ كەينىدىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. 10 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە نېستورىيان دىنى قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘) قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىشى بىلەن گۈللەنگەن.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەم 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن بەگلىكىگە 40 نەچچە يىل دىن ئۇرۇشى قوزغىغان. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىغا خاتىمە بەرگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلار كۆنسېرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قومۇل ئەتراپىدا تەدرىجىي يولغا قويغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئاساسىي دىن قىلىنغان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەندىزە شەكىللەندى ھەم ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى قاتارلىقلار تەدرىجىي يوقالغان، بۇددا دىنى، تويىن دىنى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويرات موڭغۇللىرى تىبەت بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان. تەخمىنەن 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىردى.

شىنجاڭدا ھازىر ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى قاتارلىق دىنلار بار، مەسچىت، چېركاۋ، بۇتخانا، تويىن ئىبادەتخانىسى قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن 24 مىڭ 800ى، دىنىي خادىملاردىن 29 مىڭ 300ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مەسچىت 24 مىڭ 400، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى 59، تويىن دىنى ئىبادەتخانىسى بىر، خىرىستىيان دىنى چېركاۋى (يىغىلىش نۇقتىسى) 227، كاتولىك دىنى چېركاۋى (يىغىلىش نۇقتىسى) 26، پراۋوسلاۋىيە دىنى چېركاۋى (يىغىلىش نۇقتىسى) ئۈچ.

جۇڭگو دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە ئوخشاش ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ھەرقانداق دىننىڭ سىياسىيغا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، ئۆيلىنىش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىقلارغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ نورمال جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، تۇرمۇش تەرتىپىگە دەخلى قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كومپارتىيەسىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

شىنجاڭ دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئائىت ئاساسىي قانۇن پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن باشقا خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، بىر دىننىڭ بۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ. شىنجاڭ دىنلارنىڭ باباراۋەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ، ھەممە دىنغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ، مەلۇم دىنغا يان باسمايدۇ، مەلۇم دىننى كەمسىتمەيدۇ، ھەرقانداق دىننىڭ باشقا دىنلاردىن ھالقىغان ئالاھىدە مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويمايدۇ. شىنجاڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، قانداق ئادەم بولۇشى، قايسى مىللەتتىن بولۇشى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى شەرت.

ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى يۈزلىنىش ۋە قانۇنىيەت. جۇڭگودا دىننىڭ تەرەققىي قىلىش تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغاندىلا، دىننى ئاندىن جۇڭگو جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىللىق تارىخمۇ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىن پەقەت سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقاندىلا، ئاندىن ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ. جەزمەن مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق «جۇڭگوچىسىزلاشتۇرۇش» خاھىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. جەزمەن زامانغا لايىق، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش ۋە تەشەببۇس قىلىش، نادان، قالاق، كونا ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. جەزمەن دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرىدىغان تارىخىي ئەنئەنىلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگودىكى دىنلارنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن تىرىشىپ يۇغۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا پائال يېتەكلەش شەرت.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)